Uluslararası
Uygur Araştırmaları Dergisi
2016/7

# ئۇيغۇزلارنىڭ مازار تاۋابچىلىقى ھەققىدە:مۇزىكا،ئىسلام ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتى

Uygurlarda Mezar Adetleri: Müzik, İslam ve Çin Devleti

Mazar festivals of the Uyghurs: Music, Islam and the Chinese State

راچېل خاررېس، راھىلە داۋۇت

ئېنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: زۇلھايات ئۆتكۈر

**قىسقىچە مەزمۇنى**

مازار-ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلام دىنىدىكى تارىخىي ئۇلۇغ زاتلار ياكى ئەپسانىۋى شەخسلەرنىڭ قەبرىلىرىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ (جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ياشايدىغان تۈركىي مۇسۇلمانلار) ئىجتىمائىي ھاياتى جەريانىدىكى قۇرغاقچىلىق، مول-ھوسۇل ۋەئوغۇل پەرزەنت كۆرۈش قاتارلىق تىلەك-ئىستەكلىرىنىڭ ئىجابەت بولۇشىغا پاناھ بولىدىغان جايدۇر. يۈزدىن ئارتۇق بۇ خىل مازارلار شىنجاڭدىكى چۆل-جەزىرە ۋە بوستانلىقلارغا جايلاشقان بولۇپ، يىلدا نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ تاۋاپ قىلىدىغان مۇقەددەس جايىغا ئايلانغان. بەزى مازارلار، مەسىلەن 11-ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن، ئىسلام دىنىنى بۇ رايونغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان پادىشاھ-سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنى يىلدا مىڭلىغان كىشىلەر كېلىپ زىيارەت قىلىدۇ. بۇ خىل پائالىيەتلەر داۋامىدا ئەنئەنىۋى مۇقاملار، داستان،قىسسە (مەدداھلىق) ۋە ناغرا سۇناي،ئۇسسۇللار ئورۇنلىنىدۇ. سوپىزىمدىكى زاھىتلىق مۇراسىمى-بۇ خىل پائالىيەتلەرنىڭ مۇھىم تەركىۋىي قىسمى بولۇپ ھەم كۆڭۈل ئېچىش ھەم يوسۇن خاراكتېرىگە ئىگە. ئۇيغۇرلارنىڭ مازار تاۋابىتى جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرى ئارىسىدىكى توقۇنۇشقا دۇچ كەلگەن بولۇپ، بۇ ماقالىدە، مۇزىكىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلامىيىتىدىكى رولى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ سىمۋول خاراكتېرلىق زىيارەت ئورۇنلىرىغا بولغان كونترولى ۋە سىياستى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

1995-يىلى ياز پەسلى ، ئون مىڭلىغان كىشىلەر قەشقەرنىڭ يېنىدىكى تەكلىماكان چۆللۈكىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئوردام پادىشاھ مازىرىنىڭ ئەتراپىغا توپلاشقانىدى. كەمبەغەل دېھقانلار بۇ كىشىلەرنىڭ كۆپ سانلىقىنى ئىگىلەيتتى. ئۇلار يىراق يېراقلاردىن كۇزۇپلۇق ماشىنىلارغا ئولتۇرۇپ ياكى ئېشەك ھارۋىلىرى بىلەن ۋە ياكى پىيادە يول يۈرۈپ بۇ يەرگە كەلگەنىدى. بۇ ئۈچ كۈنلۈك پائالىيەت جەريانىدا ھاۋا ئىسسىپ 40 گرادۇسقا چىققانىدى. ئۇلارتۈرلۈك تۈمەن تىلەكلەر بىلەن ئۇلۇغلارنى خاتىرلەش ۋە تەزىيە بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ، ياشانغانلار ئۇسسۇل ئوينىسا، ياشلار بىر بىرى بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن، ئاياللار بولسا پەرزەنت تىلىمەك ئۈچۈن تولاپلاشقانىدى. بەزى بىمارلار شىپالىق رولى بار دەپ ئويلاپ مازارلىق ئەتراپىدىكى قۇمغا كۆمۈلەتتى. بۇ دىنىي مۇراسىمدا ھەر يەردە مۇزىكا سادالىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى:داستانچىلار قەھرىمانلار ياكى مەشھۇر ئاشىق-مەشۇقلار ھەققىدىكى ھېكايە چۆچەكلەرنى ئېيتىشاتتى؛

مۇقامچىلار بەش تارىلىق، ئۇزۇن بويۇنلۇق لۇت-تەمبۇر چېلىپ مۇقام[1] ئاڭلىتىۋاتاتتى. مەدداھلار دىنىي قىسسەلەرنى قىسقا ساپلىق لۇت-راۋاپ چېلىپ ئاڭلىتىۋاتاتتى[2]. يەنە نۇرغۇنلىغان ئاشىقلار، ئابداللار(تىلەمچىلەر) ساپايا چېلىپ ھېكمەتلەرنى[3] ئاڭلىتىۋاتاتتى.

ئۇيغۇر تىلىدا مازار[4] دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى قەبرە دېگەن سۆز بولۇپ چۆللۈكلەر ۋە يېزىلارغا جايلاشقان ئۇلۇغلارنىڭ قەبرىلىرىنى تاۋاپ قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مازارلىقلار تۇغماسلىق، كېسەللىكلىكلەرگە شىپا تېپىش ۋە بالا-قازا، تەبىئىي ئاپەتلەردىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن تاۋاپ قىلىنىدۇ. مازار تاۋابىتى يەنە دىنىي ئېتىقادنىڭ بىر تۈرلۈك شەرتى دەپ قارىلىدۇ. ئەڭ چوڭ مازارلىقلار جامائەت ئارىسىدا تەسىر كۈچى چوڭراق بولغان شەيخ تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىدىغان بولۇپ، قەبرىنىڭ راسخوت ئىشلىرىغا جامائەت ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. كۆپ ساندىكى كىچىك مازارلىقلارنىڭ مۇقىم زىيارەت ۋاقتى بولمايدىغان بولۇپ، كىشىلەر خالىغان ۋاقىتتا بېرىپ تاۋاپ قىلسا بولىدۇ. ئاز بىر قىسىم چوڭ مازارلىقلاردا ئۇلۇغلارنىڭ شەنىگە ئۆتكۈزۈلىدىغان يىلدا بىر قېتىم مازار تاۋاپ سەيلىسى بولىدۇ.

ئوردام مازارتاۋاب سەيلىسى شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ مازار تاۋاب سەيلىسى بولۇپ، 11-ئەسىردىكى قاراخانىلار خانلىقىنىڭ خاقانى ئەلى ئارسلانخاننىڭ مەقبەرىسىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. قاراخانىلار خانلىقى تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان خانلىق بولۇپ، ئەلى ئارسلانخان قوشنا بۇددىست خوتەن خانلىقى بىلەن 50 يىلغا يېقىن داۋاملاشقان ئۇرۇشتا شېھىت بولغان . مازار سەيلىسىگە ئائىت تارىخىي خاتىرىلەر ئانچە كۆپ ئەمەس، لېكىن شۋېتسىيىلىك تەتقىقاتچى گۇننار ياررىڭ 1929-يىلى ئوردام پادىشاھ مازىرىغا زىيارەتكە بارغان ۋە قەشقەر رايونىنىڭ شەرقىدىكى بىر قانچە مازار تاۋابىتى توغرۇلۇق خاتىرىلەرنى يېزىپ قالدۇرغان (Jarring 1935: 348-54) بولۇپ ئۇنىڭ بۇ بايانلىرى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن سانىلىدۇ.

بەلگىلەنگەن مازار تاۋابىتى مەزگىلىدە، قەشقەردە مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئەر-ئايال ۋە باللار تاغۇ-چۆللۈكلەرگە بېرىپ مازارلارنى زىيارەت قىلىدۇ. ئۇلار ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، قوللىرىدا تۇغلارنى كۆتۈرۈشۈپ لاتىلارنى سايىۋەن قىلىشىپ ماڭىدۇ. ئۇلار يول بويى ئۇلۇغلارنى كۈيلەپ تۆۋلىشىپ ۋە ناخشا ئېيتىشىدۇ (Jarring 1986:112).

مازار تاۋابىتى ۋە مازار سەيلىسى ئوتتۇرا ئاسىيا، ئافغانىستان ۋە پاكىستانلاردا كەڭ تارقالغان ھادىسە . سلوبىن "مازارى شەرىف"تە پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈيئوغلى ھەزرىتى ئەلىنىڭ مەقبەرىسى دەپ قارالغان قەبرە ھەققىدە ۋە ئافغانىستاندىكى 12-ئەسىردىكى ئۇلۇغ زاتلارغا ئائىت مۇقەددەس جايلار ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن. يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىش زىيارىتى "جاندا"نىڭ ئويغۇنىشىنى قۇتلۇقلاش تەرىقىسىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ ۋە بۇ خىل مۇراسىم مۇزىكا، باشقا كۆڭۈل ئېچىش تۈرلىرى ۋە سېھىرگەرلىك شەكىللىرى تەرىقىسىدە 40 كۈن داۋاملىشىدۇ (Slobin 1976:144).

---

[1] ئۇيغۇر مۇقاملىرى چوڭ تىپتىكى ناخشا، شېئىر، ئۇسسۇل ۋە مۇزىكا ئۆز-ئارا مۇجەمسەملەشكەن ئەسەردۇر. مۇقام ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ بىرقانچە تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ، ئەمما ئەڭ داڭلىق بولغىنى قەشقەر-يەركەن رايونىدىكى "ئون ئىككى مۇقام"دۇر. دۇرىڭ ۋە ترېبىنجاكنىڭ (1991) ئون ئىككى مۇقام ھەققىدىكى تەتقاتىغا قاراڭ.

[2] بۇ يەردە قەشقەر راۋابى ئالاھىدە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ راۋاپ 90 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا، كىچىك قوساقلىق چالغۇ ئەسۋابى بولۇپ، ھايۋان تېرىسى بىلەن قاپلىنىدۇ. بەش تال تارىسى بولۇپ،بېشىدا زەخمىكى ۋە بېشىدا مۈڭگۈزگە ئوخشاش زىننىتى بولىدۇ .ئۇيغۇر راۋاپلىرى بىرقانچە تۈرگە بۆلۈنىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىران ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىمالىي ھىندىستاندا قوللىنىلىدىغان قوش تارىلىق لۇت سازلىرى ئائىلىسىگە تەۋەدۇر.

[3] ئەرەپچىدىن كىرگەن،"ئەقىل دۇردانىلىرى" دېگەن مەنىدە.

[4] ئەرەپچىدىن كىرگەن، تاۋاپ قىلىدىغان جاي.

بايلي شەرقي ئافغانىستاندىكى ئابۇ ۋەلىدنىڭ مازىرىدا 1970 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن مازار تاۋابى جەريانىدا زۇرنا ـ دوھول ناغرا سۇناي ئەترىتى، خىراتى ناخشىلىرى، ئافغان رۇباب[5] ماھارىتى قاتارلىق (1998: 136 ـ 9) نومۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ خىل مۇزىكا پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. مازار تاۋاباتى توغۇرلۇق ئىزدىنىش ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۆزبېكىستان (Baldick: 1993; Poliakov: 1992; Zarcone: 1999) ۋە قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە (Beller-Hann 2001b) ئانتروپولوگىيىلىك (ئىنسانشۇناسلىق) ۋە تارىخي بىلىملەرگە ئىگە قىلىدۇ. لېۋىن 1950 ـ يىلى قاراقالپاقىستاندىكى داڭلىق سۇلتان ئۇۋەيىس ئال ـ قارانى مازار تاۋاباتى ھەققىدە،تاۋابات جەريانىدا زىيارەتچىلەر ئۈچۈن كۈنىگە 50 تۇياق قوي سويۇلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

شىنجاڭدا بۇ خىل مازارلار خېلى كۆپ بولۇپ، راھىلە داۋۇتنىڭ بىرقانچە يىللىق دالا تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ نەتىجىسىدە شىنجاڭ بويىچە 200 دىن ئارتۇق مازار بارلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن لېكىن بۇ سان تولۇق بولمىغان رەقەم بولۇشى مۇمكىن[6]. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭ تەسىر كۆچىگە ئىگە ۋە زىيارەتچىلىرى ئەڭ كۆپ بولغان مازار ئوردام پادىشاھ مازىرى بولۇپ، بۇ مازار ئىسلام دىنىنى تارقىتىشتا ئاساسلىق رول ئوينىغان ۋە بۇددىست ھاكىمىيىتىدىكى خوتەن خانلىقى بىلەن بولغان جەڭدە شېھىت بولغان خاقانىنىڭ قەبرىسىدۇر. يەنە بىر قىسىم مازارلار داڭلىق تەرىقەتچىلەرنىڭ قەبرىلىرى بولۇپ، ئۇلارغا يەرلىك خەلقلەر بەكرەك چوقۇنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ تونۇشلۇق بولغىنى قەشقەرنىڭ ھۆكۈمران غوجىلىرىنىڭ[7] قەبرىلىرى ئىدى. گەرچە مازار تاۋابىتى ئىسلامىي ھادىسە بولسىمۇ لېكىن كۆپ ساندىكى پائالىيەتلەرنىڭ دىن بىلەن بىۋاستە ئالاقىسى يوق. بۇرۇنلاردا مۇتەپەككۇرلەر ۋە يازغۇچىلارنىڭ قەبرىلىرى دىنىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ زىيارەت قىلىپ تۇرىدىغان جايى بولۇپ كەلگەنىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر بولغانلىرى مەھمۇت قەشقەرى مەقبەرىسى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىلىرى بولۇپ ھەر ئىككىلىسى قەشقەر ۋىلايىتىگە جايلاشقان. مەھمۇت قەشقەرى ـ "تۈركىي تىللار دىۋانى"نىڭ مۇئەللىپى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ـ "قۇتادغۇ بىلىگ" نىڭ مۇئەللىپىدۇر[8]. بۇلاردىن باشقا يەنە ھۈنەرۋەن كاسىپلارنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىدىغان مازار زىيارىتى بولۇپ كۆپىنچە ھاللاردا بەزى بىر كېسەللىكلەرگە شىپا ئىزدەش مەقسىدىدە تاۋاپ قىلىنىدۇ، (مەسىلەن تېرە كېسىلىگە ئوخشاش كېسەللىكلەر) كۆپ ساندىكى مازارلارنى ئاياللار پەرزەنت يۈزى كۆرمەك ئىستىكى بىلەن تاۋاپ قىلىدۇ. بۇ خىل مازارلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر بولغىنى قاراخانىلار خانلىقىدىكى مەريەم مازىرى.

راھىلە داۋۇتنىڭ ئۇيغۇر مازارلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا بۇ خىل تاۋاپ قىلىدىغان مازارلار تارىختا ئەسلىدە بۇددىستلارنىڭمۇ تاۋاپ قىلىدىغان جايى بولغانىكەن[9]. مەسىلەن، تۇرپاندىكى تۇيۇق غوجام مازىرىنىڭ ئەتراپى بۇددا، مانى دىنى نوملىرى ۋە تام رەسىملىرى بىلەن توشقان غارلار بىلەن ئورالغان. (ھازىر يەر تەۋرەش سەۋەبىدىن كۆپ قىسمى ۋەيران بولغان)بۇ يەرگە جايلاشقان بىر غار بولۇپ كىشىلەر شۇنىڭغا تاۋاپ قىلىدۇ، بۇ خۇددى خوتەندىكى "كۆكمارىم مازىرى"(يىلان تېغى) غا بېرىپ يامغۇر تىلەشكە ئوخشايدۇ. بۇ خىل ھايۋان ياكى ئۆسۈملۈك، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئىسمى قويۇلغان مازارلار، مەسىلەن، ئۈجمە مازار ۋە غاز مازار

---

[5] بايلىيىسنىڭ "ھېراتتىكى يىللىق مۇزىكا كۆرىكى" دېگەن فىلىمدىكى پارچىغا قاراڭ.

[6] راھىلە داۋۇتنىڭ ئەسىرى خەنزۇچە مەتبۇئاتلاردا "داۋۇتى" دەپ ئېلىنغان.

[7] 1679 ـ يىلىدىن 1759 ـ يىلىغىچە سوپىزىمنىڭ نەقشىبەندىيە ئېقىمى جەنۇبىي شىنجاڭ رايوندا ھۆكۈم سۈرگەن بولۇپ، تاكى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان.

[8] بۇ يەردە ئۇيغۇرچە تەلەپپۇزى بويىچە تەرجىمە قىلىندى.

[9] پولىياكوۋنىڭ "ئۆزبېكىستاندىكى قەبرىلەر"نامىلىق ئەسىرىنى كۆرسىتىلگەن(1992:99).

قاتارلىقلارنىڭ بېشى قەدىمكى بۇددىست ئەنئەنىلىرىگە بېرىپ تاقىلىدىغان بولۇپ[10] مازار ئەنئەنىسىنىڭ تۈرلۈك ئىسلامدىن بۇرۇنقى ئېتىقادلارنىڭ جۇغلانمىسى ئىكەنلىكى ۋە سۈنني مەزھەپتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ شىئە مەزھەپىدىكىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. خوتەندە" ئون ئىككى ئىمام مازىرى" بولۇپ، بۇ شىنجاڭغا ئۆمرىدە كېلىپ باقمىغان شىئە مەزھەپىدىكى ئاساسلىق بىر ئۆلىمانىڭ قەبرىسىدۇر[11].شىئە مەزھەپىنىڭ تەسىرلىرى ئوردام پادىشاھ مازار تاۋابىتىدە ئىپادىلىنىدىغان بولۇپ، ئۆلىما ئالى ئارسلانخان كۆپ مەنبەلەردە مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ كۈيئوغلى ئەلى بىلەن باغلىنىشلىقى بولۇپ، ئارسلان دەپ ئاتىلىدۇ. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان نۇقتا شۇكى، ئوردام مازىرى تاۋابىتى مۇھەررەم ئېيىنىڭ 10-كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ بۇ شىئەلەرنىڭ ئەلىنىڭ ئوغلى ھۈسەيىننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى خاتىرلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇھىم بايرىمى ئاشۇرا كۈنى بىلەن بىر كۈندە ئۆتكۈزۈلىدۇ[12].

پارىس تىلىدىكى ئەسەر"تەزكىرەئي ئۇۋەيسىيە" ئەخمەد ئۈزگەنى تەرىپىدىن 1600-يىلى يېزىلغان بولۇپ،بۇنىڭدا شىنجاڭدىكى مازارلىقلارنىڭ تارىخىغا ئائىت نۇرغۇن پايدىلىنىش مەنبەلىرى بار. كىتاپتا 40 داخانىڭ، 13 ئايال داخانىڭ ۋە بۇگۈنكى كۈندە مازارلىرى زىيارەت قىلىنىپ تۇرىۋاتقان بىرقانچە ئۆلىمالارنىڭ تەزكىرەسى بايان قىلىنغان. ئەسەردە 10-ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن، قاراخانىلار خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇتۇق بۇغراخانىڭ، 12 ياش ۋاقتىدا بىر ياۋا توشقان بىلەن بولغان خاسىيەتلىك ئۇچرىشىشىدىن كېيىن ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكى ۋە كېيىن بۇ رايوندىكى تۇنجى ئىسلام دىنىغا كىرگەن ھۆكۈمران بولغانلىقى بايان قىلىنغان. ئۇنىڭ قىزى ئەلانۇر خانىمنىڭ شىر قىياپىتىگە كىرىپ كۆزىگە كۆرۈنگەن پەرىشتە جەبرائىلنىڭ ياردىمى بىلەن بىر ئوغۇل پەرزەنت يۈزى كۆرگەنلىكى ۋە بۇ ئوغۇلغا ئارسلان(شىر)دەپ ئىسىم قويغانلىقى ھېكايەت قىلىنغان. قاراخانىلار خانلىقىدىكى ئەلى ئاراسلان خانىنىڭ قىزى(بەزى مەنبەلەردە سىڭلىسى دەپ ئېلىنغان) مەرىيەمنىڭ ئەپسانىسىدىمۇ ئۇنىڭ 60000دىن ئارتۇق كۇپارلار بىلەن بولغان جەڭدە شېھىت بولغانلىقى تەسۋىرلەنگەن.[13]

بۇ ئەسەرنى ئېنگىلىز تىلىغا تەرجىمە قىلغۇچى جۇليان بالدىك،ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مازار تاۋابىتى ئەنئەنىسىنى بىۋاستە ئۇۋەيس سوپىزىملىق ئەنئەنىسىگە باغلىغان. بۇنىڭدا تەرىقەتچى ئۇۋەيسىنىڭ چۈشىدە ۋاپات بولغان ئىلاھىي زاتلارنىڭ يول كۆرسىتىشىگە مۇۋەپپەق بولغانلىقى ئايان بولغان. بالدىك يەنە بۇ نۇقتىنى كۈچەيتكەن ھالدا ئۇۋەيس تەزكىرەسىنىڭ[14] 19-ئەسىردە شىنجاڭدىكى كوچا كوي، بازارلاردا كەڭ كۆلەمدە ئېيتىلىپ يۈرىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. ھازىر شىنجاڭدىكى تەتقىقاتچىلار ئۇۋەيس كەلىمىسى بىلەن ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان بولۇشى

---

[10] ۋېرونىكا دابېلدېي ھەزرىتى ئالىنىڭ "مازارى زەرىف"تىكى قەبرىسىنىڭ ئەسلىدە ئوكسۇس دەرياسىنىڭ ئايال ئىلاھى ئاناختاغا چوقۇنىدىغان جاي ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ (1999:130)

[11] بەللېر-خان جەنۇبىي شىنجاڭ كېرىيىدىكى بىر مازار ھەققىدە توختۇلۇپ، بۇ "جافار ئال-سادىق"نىڭ ئەسلىدە مەدىنىدە تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغانلىقىنى بايان قىلىدۇ (2000:33).

[12] "ئوردام" تاۋابىنىڭ كولمىناتسىيە نۇقتىسى "تۇغ كۆرۈشتۈرۈش"تۇر. بۇنىڭ مەنىسى مازارلىقلاردىكى تۇغلارنى بىر يەرگە ئېلىپ كېلىش ئارقىلىق ، ئەلى ئارسلانخانىنىڭ بېشى بىلەن ۋۇجۇدىنى بىر يەرگە ئەكەلمەك ئىدى، چۈنكى ئۇرۇشتا بېشى كېسىلىپ قەتلى قىلىنغانىدى. ئەلىنىڭ ئوغلى ھۈسەيىنمۇ ئوخشاش تەقدىرگە مۇپتىلا بولۇپ، بۇ ھېكايىدىكى ئاساسىي تېما بېشى كېسىلگەن ھەزرەتنىڭ باش ئايىغىنى ئۆز-ئارا بىر يەرگە ئېلىپ كېلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

[13] بالدىكنىڭ تەرجىمىسى (1993).بۇ كىتاپ "تەزكىرەيى بۇغراخان"دەپمۇ ئاتىلىدۇ. دې ۋېيسى يەنىمۇ ئوچۇق مۇلاھىزىنى ئوتتۇرىغا قويغان (7:1993-10).بالدېرنىڭ كۆزقارىشىغا بولغان ئەدەبىي تەنقىدنى شۆللېرنىڭ ئەسىرىدىن كۆرۈڭ (1985 ۋە 1989).

[14] قاراقالپاقىستاندىكى ئۇۋەيس غوجام مازىرى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان.

مۇمكىن.[15] شىنجاڭدا سوپىزىمنىڭ نەقشبەندىيە، قەدىرىيە ۋە چىشتىيا شەكىللىرى مەۋجۇت بولۇپ ئېتىقاد قىلغۇچىلىرى مازار تاۋابىتى پائالىيىتىدە بۇ خىل يوسۇنلارنى ئورۇندايدۇ. لېكىن كۆپ ساندىكى مازار تاۋابىتى جەريانىدا سوپىزىمنىڭ ئىپادىلىرى ئانچە كۆچلۈك شەكىلدە بولمايدۇ. ئىلدىكو بېللېر-خان مازارنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى "چوڭقۇر ئىسلام پۈرىقى"نىڭ ئىپادىسى بولۇشتىن باشقا، يەنە بۇ خىل دىنىي يوسۇنلارنىڭ بۇددا دىنىدىكى سوپىزىم ئەنئەنىلىرى ۋە ئىسلامغا كىرىشتىن بۇرۇنقى ئەقىدىلەر بىلەن تەبىي ھالدا ئۆزا-ئارا بىرىككەن بىر خىل دىنىي يوسۇن شەكلى بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ (Beller-Hann: 2001). تەكلىماكان چۆللىكىنىڭ تۆت ئەتراپىغا جايلاشقان بۇ مازارلارغا يىلدا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قەدىمى يېتىدىغان بولۇپ، زىيارەتچىلەرنىڭ قەلبىدە مۇقەددەس بىر مۇساپە ۋە مەنزىرە شەكىللەندۇرگەن، بۇ يوللار خەرىتىدىكى يېڭى يول ۋە تۆمۈر يوللارغا ئوخشىمايدىغان بىر قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە كارتىنا ئىدى.[16]

## مازاردىكى مۇزىكا--ئوردام مازىرىنىڭ كارتىنىسى[17]

كەچقۇرۇن مازارلىقنىڭ يېنىغا جايلاشقان مەسچىت قوروسىدا مۇزىكانتلار "تاشۋاي"مۇزىكىسىدىن ئارىيە ئورۇنلاۋاتاتتى، بىر توپ كىشىلەر ئۇلارنى ئورىۋالغانىدى. بۇ مۇزىكا 19-ئەسىردىكى بىر ئاشىق -تاش ئىسمىلىك راۋاپچى قەلەندەر ھەققىدىكى مۇزىكا ئىدى. بۇ مۇزىكا قايغۇ ۋە تەزيىەنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ مازارلىقلاردىلا بۇ خىل شەكىلدە ئورۇنلىنىدۇ.[18] بېشىدا ياشقا چوڭراق سەللىلىك بىر ئىمام قۇرئاندىن پارە ئوقۇدى، قالغانلار ئەگىشىپ"لا ئىلاھە ئىللەللاھ" دەپ توۋلاشتى. بېشىغا شاپاق دوپپا كىيىۋالغان بىر ياش يىگىت راۋاپ چېلىۋاتاتتى،ئۇنىڭغا تەڭكەش قىلىپ بىرقانچە كىشى ساپايە ۋە داپ چېلىۋاتاتتى. سازچىلارنىڭ بەزىلىرى ئىگىلگەن شەكىلدە بەزىلىرى كەينىگە داجىغان ھالەتتە بولۇپ، راۋاپ چېلىۋاتقان كىشى ئەركىن ئاھاڭ قىسمىنى قوپال كەلگەن ئاۋازى ۋە پۈتۈن ھىسسىياتى بىلەن ئېيتىۋاتاتتى. ئۇ بىر چەتتە تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئاۋازى ناھايىتى ئوچۇق ئاڭلىناتتى. داپچى چۇقان سادالىرىغا ئەگىشىپ داپ ساداسىنى ياڭرىتىۋاتتى. كۆپ ساندىكى ئەر تاماشىبىنلار جىمجىت ئولتۇرۇپ تاماكا چەككەچ تىڭشاۋاتاتتى. سازچىلارنىڭ ئەتراپىنى ئىس قاپلىغان بولۇپ،داپچىلار ئەمدى قاتتىق كىرىشكەن ھالدا، دېپىنى ئېتىپ تۇرۇپ چلىۋاتاتتى ۋە ئۆزلىرىمۇ تەڭ سىلكىنەتتى. ئۇلار راۋاپچىنىڭ يېنىغىراق كېلىپ بىرلىكتە ناخشا توۋلىشاتتى. سازچىلارنىڭ كۈچلۈك ۋە قىزغىن ھەرىكەتلىرى تاماشىبىنلارنىڭ جىمجىتلىقى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولغانىدى. داپنىڭ رېتىمى ئۆزگىرىپ تۇراتتى، داپچىلار "ۋوي،ۋوي،ۋوي"دەپ رېتىم بىلەن چالاتتى. داپچىلار داپنى يۇقىرى-تۆۋەن، ئوڭ-سولغا يۆتكەپ تۇرۇپ چالسا،راۋاپ يېتەكچى ساز بولۇپ چېلىنىۋاتاتتى. مۇزىكا ئاخىرلىشاي دېگەندە تاماشىبىنلاردىن بىرقانچىسى قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىشقا باشلىدى.

ئارقىدىن كۆپچىلىك ئەلى ئارسلانخاننىڭ قەبرىسى تەرەپكە قاراپ يول ئالدى،قوللىرىدا رەڭلىك تۇغلار بارىدى. كىشىلەر توپى زور بولۇپ، ناغرا-سۇنايلارنى چېلىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ خىل دۇمباقلار ۋە سۇنايلار پادىشاھ ئەلى ئاراسلانخاننىڭ جەڭگە كىرىشتىن بۇرۇن چالىدىغان ساز

---

[15] ئۇيغۇرلاردىكى قەدىرىيە زىكىر تىلاۋىتىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە مۇزىكىلىق ئانالىزلار ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى كۆرۈش ئۈچۈن جوۋنىڭ ئەسىرىگە قاراڭ (1999).
[16] جۇڭگودىكى مۇقەددەس جايلارنىڭ خەرىتىسى ۋە مەنزىرىسى توغرۇلۇق ئۇچۇرلار ئۈچۈن فوشۋاڭنىڭ ئەسىرىگە قاراڭ (1992:21-3).
[17] بۇ كۆرۈنۈشلەر شىنجاڭ سەنئەت تەتقىقات مەركىزى تەرىپىدىن 1995-يىلى سىنىغا ئېلىنغان.
[18] "تاشۋاي"نىڭ سەھنىلەردە ئوينىلىدىغان ۋارىيانتى ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىلىك بولۇپ، يالغۇز كىشىلىك راۋاپ بىلەن تەڭكەش قىلىنغان ناخشا قىسمى بار.

بولۇپ ۋە شىنجاڭغا قاراخانىلار دەۋرىدە ئىسلام بىلەن بىرلىكتە كىرگەن بولۇشى مۇمكىن.[19] زىيارەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ قوللىرىدا دىيامېتىرى 50 سانتىمېتىر كېلىدىغان يوغان داپلار بارىدى. كىشلەر توپى قۇم بارخانلىرىغا يامىشىپ چىقىپ كېتىۋاتاتتى،مەنزىلگە يېتىشكە جەمئىي بەش تۆپەلىك بارئىدى. ئاياللار باشتىكى ئىككى تۆپەلىككە يامىشىپ چىققاندىن كېيىن ئۇ يەردىن دوملاپ چۈشۈپ ئۆزلىرىنى پاكلىشاتتى. ئەرلەر مازارغا قاراپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. توپنىڭ بېشىدا داپ چېلىپ ماڭغانلار، تۇغ كۆتۈرۈپ ماڭغانلار بولۇپ قالغانلارنىڭ يېرىمى ئۇسسۇل ئويناپ ماڭسا يېرىمى ئۇلارغا ئەگىشىپ مەدەت بېرىپ مېڭىشاتتى، بەزىلەر ۋارقىراپ ئۆزىنى يېرىم يوقاتقان هالدا سەپكە ئەگىشىپ كېتىۋاتاتتى. تۇغلاردىن خادا تىكلىنىپ تۇغ ئەلەم ئېسىلىدۇ،ئىگىزلىگى 20 مېتىر ئەتراپىدابولىدۇ. بۇ تۇغلار هالرەڭ، كۆك، قىزىل ۋەئاق رەڭلەردە بولۇپ چۇچۇلىرى ۋە جىيەكلىرى قارا رەڭدە ئىدى، قارىماققا تىبەت بايرىقىنى ئەسلىتەتتى.

داپ ۋە سۇناي چېلىنغاندا ئەرلەر ئۇسسۇلغا چۈشەتتى. داپچىلار ئۆزارا مۇسابىقىگە چۈشىۋاتقاندەك هالەتتە ماهارەت كۆرسىتىشىۋاتاتتى:ئۇلار داپلارنى بېشىدا ئېتىپ ئوينۇتۇپ ئۆزلىرىنىڭ كامالەتكە يەتكەنلىكىنى ئىپادىلەۋاتاتتى. ئۇسسۇلچى پۇت قوللىرىنى قوپال هەرىكەتلەر بىلەن يۆتكەپ ئويناىتتى. ئۇ "ئاللاه"دەپ توۋلىغاندا باشقىلارمۇ تەڭ قوشۇلۇپ توۋلايتتى. ئۇنىڭ بەدەنلىرى تىترەيتتى ۋە نالە قىلىپ يىغلايتتى، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ هاياجانغا چۆمگەن هالدا ئاللاهقا تۆۋبە ئىستىقبار قىلاتتى. ئەتراپتىكىلەرمۇ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈرۈشەتتى. بىر كىشى ناخشىنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئۇزۇن بىر پارە ئوقۇيدۇ؛ باشقىلارمۇ قىسقىراق سۆزگە چىقىدۇ. توپلانغان كىشلەرنىڭ ئارىسىدا بىر ياش يىگىت "سەنەم"نىڭ مۇقەددىمىسىنى سۇناي بىلەن باشلايدۇ.[20] باشقا داپچىلار ۋە سۇنايچىلار ئۇنىڭغا جۆر بولۇپ ئۇسسۇل قىسمىنى بىرلىكتە ئورۇندايدۇ.

## ئىمام هازىم مازىرىغا بىر نەزەر[21]

يەنە بىر مازار تاۋابىتى پائالىيىتى ئىۈژمە پىشىقى ۋاقتىدا ماي ئېيىدا ئىمام هازىم مازىرىدا ئۆتكۈزىلىدىغان يىغىلىش بولۇپ، هەزرىتى ئىمام هازىم 11-ئەسىردە ياشىغان خوتەن جېڭىدە شېهىت بولغان يەنە بىر ئۇلۇغلاردىن بىرى. 1997-يىلى بۇ مازاردا ئۆتكۈزۈلگەن بىرقانچە يۈز كىشى توپلانغان سوپىزىمنىڭ زىكىر ئىبادەت مۇراسىمى فىلىمغا ئېلىنغان.

Jean Duringنىڭ بايان قىلىشىچە بۇ خىل زىكىر ئىبادەت مۇراسىمى ئۇلۇغ كەلىمە، پارىلەرنى تەكرارلاش ئارقىلىق دۇئا تىلاۋەت ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر دىني مۇراسىم. بەزىدە ئۈنلۈك ۋە ياكى بەزىدە ئۈنسىز، بەزىدە يالغۇز ۋە بەزىدە ئوپچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ دۇئا تەگبىر ئېيتىش رېتىملىق بولۇپ، بۇ خىل نەپەس رېتىمى بەدەندىكى ئېنىرگىنىينىڭ ئايلىنىشىغا مەنپەئەت كۆرسىتىدۇ.[22] شىنجاڭدا بۇ خىل زىكىر تىلاۋەت پائالىيىتى "خەلقە سۆهبەت"دەپ ئاتىلىدۇ.[23] كۆپلىگەن

---

[19]بۇ رايونغا سۇناينىڭ بۇندىن ناهايىتى ئىلگىرىكى بىر تارىختا كىرگەنلىكىگە ئائىت خاتىرىلەر بار (خان2000).

[20]ئەرەپچىدە ئويۇلغان رەسىم دېگەنلىك.6 دىن 13 دانىگىچە بىر يۈرۈش ناخشىلارغا ئۇسسۇل ئوينىلىدۇ.هەر بىر بوستانلىق يۇرتلىرىنىڭ ئۆز ئالاهىدىلىككە ئىگە خەلق ناخشىلىرىدىن تەركىپ تاپقان سەنەملىرى بولىدۇ.لېكىن هەممىسىلا رېتىملىق بولۇپ، تۆتلۈك ئاستا ئۇسسۇل رېتىمىدىن تېز رېتىمغا يۆتكىلىدۇ.سەنەم كۆپۈنچە هاللاردا ناغرا - سۇنايغا جۆر بولۇپ ئوينىلىدۇ.

[21]بۇ كۆرۈنۈشلەر راهىلە داۋۇت تەرىپىدىن 1997-يىلى سىنغا ئېلىنغان.

[22]نۇرغۇن ئۇيغۇرلاردىن زىكىر تىلاۋەت بىلەن ساغلاملىقنىڭ مۇناسىۋىتى هەققىدە : "بوۋامنىڭ 120 ياشقا كىرىپمۇ ساغلام تۇرۇشى ئۇنىڭ زىرى تىلاۋەتتىن ئايرىلمىغانلىقىدا ۋە هەر كۈنى قوي گۆشى ئىستىمال قىلغانلىقىدا "دېگەندەك بايانلارنى ئاڭلاش مۇمكىن.

[23]بالدىك ئۆزبېك سۆهبەتلىرىنى "تەڭرىنى خاتىرلەش مۇشائىرىسى"دەپ تەرجىمە قىلغان(سۆزلۈكلەر تىزىملىكى 1993)
.

ناخشىلاردا قايغۇ ۋە ياد ئېتىش ئىپادىلەنگەن بولۇپ، دۇئا تىلاۋەت كۆپىنچە ئۇلارنىڭ سوپىزىم تەرىقىتىدىكى ياراتقۇچىلىرى ۋە ئۆلىمالىرى ئۈچۈن بولىدۇ. ئاساسەن گۇرۇپپىنىڭ ئەڭ ئوتتۇرىدا ياشانغان كىشىلەر بولۇپ ئۇسسۇلغا يېقىرايدۇ، قالغانلار يۇمۇلاق چەمبەر شەكلىدە ئۇلارنى ئوراپ، ئولتۇرغانداريېتىمغا كەلتۈرۈپ بەدەنلىرىنى ئالدى كەينىگە ئىگىشىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ناخشا ھەممىگە تونۇشلۇق بولۇپ، "ياشا گوڭچەنداڭ"(كومۇنىست پارتىيە)دېگەن ناخشا ئىدى. ئەسلىدە بۇ بىر "ھۆكمەت" ناخشىسى بولۇپ 1950 ـ يىللاردا ئىنقىلاۋىي ناخشا قىلىپ بېكىتىلگەن.[24] يول بويى بىر قىسىم باشلىرىنى ياغلىق بىلەن ئورىۋالغان بوۋىلەر بىر چەتتە ئۆزلىرىنىڭ يوسۇنلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتقان بولۇپ ئەرلەرنىڭ ئاۋازى بىلەن ئۆز ـ ئارا بەسلىشىۋاتقاندەك چىقاتتى.

شىنجاڭدا ئايال بۇۋىلەرنىڭ زىكىر تىلاۋەتلىرى ئەرلەرنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ، بىر كىشى ناخشا ئېيتقاندا قالغانلار چۆرىدەپ ئۇسسۇل ئوينايتتى ۋە توختىماي "ئاللاھۇ" دەپ توۋلىشاتتى. ئاياللارنىڭ بىردىن بىر ئىسىل ناخشىسى "مۇناجات" [25]بولۇپ، قايغۇ ھەسرەت ۋە تېۋىنىشنى ئىپادىلەيدۇ، ئاياللار بۇ خىل ناخشىلارنى ئېيتقاندا ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ يىغلايدۇ.

### ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇزىكا ۋە ئىلاھىيەت

ئوتتۇرا ئاسىيا ناخشا تېكىستلىرى ئۈستىدە ئىسلام دىنى بىلەن مۇزىكا ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلىك مۇناسىۋەتلەر ھەققىدە بىرقانچە ئېتنومۇزىكىشۇناسلارنىڭ ھەرخىل قاراشلىرى مەۋجۇت. سوپىزىم ۋە سوپىزىمدىكى مۇزىكىغا ئائىت بىرقانچە قىممەتلىك تەتقىقاتلار بولۇپ (Baily 1988; 2001; Doubleday 1999; Sakata 1986) ئۇلارنىڭ ئىچىدە رېگۇلابۇرىخارت كۈرەشنىڭ "ھىندىستان ۋە پاكىستاندا قەۋۋالى ناخشىسى"، دۇرىڭنىڭ "ئىراندا سوپىزىملىق ۋە مۇزىكا"قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. دۇرىڭ ئۆز تەتقىقاتىدا مۇزىكىنىڭ كۆپ ھالللاردا يوشۇرۇن سېھىر ۋە ھۇزۇر بىلەن باغلانغان، ئىنسان تەبىئىتىدە بار بولغان تۇغما قابىلىيەت دەپ قارايدۇ (During 1989: 21 ـ 2). بۇ خىل قاراشقا خىرىستىئانلارنىڭ شەرقىي ئورتودوكۇس دىنى، زوروئاستېريان دىنى،يەھۇدى دىنى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئىلاھىيەتشۇناسلىرى ئېتىراز بىلدۈرۈپ كەلدى. لېكىن ئىسلام مەدەنىيىتىدىمۇ مۇزىكا بىر خىل پەن ۋە ئابستراكىت ماتېماتىكىلىق ئىلىم دەپ قارىلىدۇ. يەنە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر خىل سىرلىق نەزەرىيە، تەڭداشسىز ۋە مۇقەددەس ھەقىقەت ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىپ كەلمەكتە . ئىسلام دىنى بىلەن مۇزىكا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت زامان ۋە ماكانغا بېقىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. دىنىنىڭ قايسى شەكىلدە قوبۇل قىلىنىشى يەرلىك مەدەنىيەت ۋە ھۆكۈمران كۈچلەرگە باغلىق بولىدۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا شىنجاڭدا ئىككى خىل كۆزقاراش ئۈستىدە مۇنازىرىلەر مەۋجۇت بولغان. بىرى ئەگەر ساز چالغانلار بولسا، سازنىڭ تارىسى كىشىلەرنى ئازدۇرۇپ "قىيامەت كۈنىدىكى سوراق"تا سوراققا تارتىلىدۇ دەپ قارايدىغانلار. يەنە بىر خىل قاراشتىكىلەر مۇزىكانتلار داۋۇت پەيغەمبەرنىڭ مۇزىكىنىڭ ئىجاتچىسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ ئۆزلىرىنى قوغدايدىغانلار[26]. ھالبۇكى، بۇ مازارلاردا ناخشا ئۇسسۇل، مۇزىكىلارنىڭ بولۇپ تۇرۇشى ئالاھىدە جەلپ قىلارلىق چۈنكى ئىسلام دىنىدا مازار بېشىدا

[24]كومۇنىستىك پارتىيىنىڭ دىنىي يوسۇندىكى ناخشىلارنى ئىنقىلابىي ناخشا قىلىپ خىزمەت قىلدۇرۇشى شىنجاڭدا ئەجەپلىنەرلىك ئىش ئەمەس بولۇپ، مېلودىيىسىنى ساقلاپ قېلىپ، تېكىستىنى ئۆزگەرتكەن. خاررىسنىڭ جۇڭگودىكى ئىنقىلاۋىي شامان ناخشىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تارىخى دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ (2000).

[25]دۇرىڭ ۋە مىرئابدۇلباقىلار ئىرانلىقلاردىكى رامازان ئېيىدا ئېيتىلىدىغان مۇناجاتنى "تىلەك دۇئاسى"دەپ چۈشەندۈرگەن (1991:22).

[26] يارىرىڭ (يارىرىڭ ساقلانمىلىرى، لوند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى، 464 ـ ئەسەر،1979).بەللېر ـ خان تەرىپىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن (2000:41).بايلىنىڭ ئافغانىستاندىكى مۇزىكىلار ھەققىدىكى تەتقىقاتىغا قاراڭ (146:1988 ـ 53).

توپلۇنۇپ نەغمە ناۋا قىلىش ياكى ئۆلۈم ماتەملەردە ناخشا ـ مۇزىكا چەكلەنگەن. بايلىينىڭ كۆرستىشىچە، ئافانىستاندا تالىبانلارنىڭ ناخشا مۇزىكىنى چەكلىشى بىلەن پۈتكۈل مىللەت داۋاملىشىۋاتقان ئىچكى ئۇرۇش جەريانىدا ماتەم ھالىتىگە كىرگەن (Baily 2001: 40 ) ئۇيغۇرلارنىڭ مازار تاۋابىتى زىيارىتى داۋامىدا بولىدىغان مۇزىكىلار باشقا مۇزىكا تۈرلىرىدىن پەرقلىق بولۇپ، "مۇزىكا" دەپ ئاتاش قىيىن بولغان بىر خىل ماتەم تۈسىگە ئىگە نەغمىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يۇقىرىدا تەسۋىرلەنگەن تاشۋايدىن ئارىيە، سوپىزىم ھۆكمەتلىرى ۋە بۇۋى مۇناجات قاتارلىقلار بار.(Baily 2001: 40)

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مۇزىكا ئۇسلۇبلىرى،تۈرلىرى ۋە سازلار يالغۇز مازار تاۋابىتىدىلا ئورۇندىلىپ قالماستىن باشقا يەرلەردىمۇ ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. مۇقام ئولتۇرۇشلاردا،سەھنىلەردە كەسپىي مۇقامچىلار تەرىپىدىن ئورۇنلىنىدۇ؛ كوچا كويلاردا ۋە بازارلاردا قەلەندەرلەرمۇ مۇقام ئېيتىدۇ؛بۇۋىلەر كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە چاقىرتىلىپ قۇرئاندىن پارە ئوقۇپ بېرىشقا تەكلىپ قىلىنىدۇ ۋە ئۆلۈم پەتىلىرىدە ناخشا ـ قوشاق قوشۇپ ئوقۇيدۇ. ناغرا سۇنايلار بايرام، توي ـ تۆكۈنلەردە ۋە ھەتتا ئېچىلىشلەردە چېلىنىدۇ. مازار بېشىدا ئېيتىلغان ناخشىلارنىڭ تېكىستلىرى دىنىي ۋە ئىلاھىي مەزمۇنلارنىڭ ئۆزارا كېسىشمە نۇقتىسى بولۇپ، كۆپ ساندىكى تېكىستلەر رومانتىك مۇھەببەتنى كۈيلەيدىغان تېكىستلەردىن ئىبارەت. لېكىن تېكىستلەردە مۇقەددەس ئىلاھىي كۈچكە بولغان تەلپۈنۈش رومانتىك مۇھەببەتتىن ئىبارەت مېتافور ئاستىغا يوشۇرۇنغان. بۇ مۇقامنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا ناھايىتى گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. مۇقام تېكىستلىرى 15 ـ16 ـ ئەسىردىكى داڭلىق شائىرلارنىڭ قەدىمكى تۈرك ئەدەبىي تىلى ـ چاغاتاي تىلىدا يازغان شېئىرلىرى بولۇپ،ھۆۋەيدا يازغان"ئۆزھال مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى"دىن ئۈزۈندىلەرنى ئاڭلاپ باقايلى:

يار كەيدى قىزىل ئەڭلىنى زىبا بويىلىن دەپ

ئالەم ئاڭا كۆز سالدى تاماشا قىلىين دەپ

ئوت ياقتى جاھان مۈلكىگە غەۋغا قىلىين دەپ

مەندەك بىر دىۋانىنە ھۆۋەيدا قىلىين دەپ

خەنجەر قولىدا مەشرەپنى ئۆلتۈرگىلى كەلدى

غەۋغايۇ قىيامەت مەن شەيدا قىلىيەن دەپ[27]

دۇرىك ئىران مۇزىكىلىرىنى ۋە مىستىسىزىمنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا، سوپىزىم دىنىي مۇراسىملىرىدىكى نۇرغۇنلىغان مۇزىكا شەكىللىرىنىڭ شىئە دەرۋىشلىرىنىڭ ناخشا مۇزىكىلىرى، كىلاسسىك ناخشىلار، چوڭقۇر دىنىي مەنا ۋە قۇرئان پارچىلىرىنىڭ بىرىكمىسىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ خىل چوڭقۇر تەتقىقاتلاردىن دىنىي ۋە دىنغا ئائىت بولمىغان مۇزىكىلارنىڭ ئۆز ـ ئارا جىپسىلىشقان ۋە ئورگانىك ھالدا بىرىككەن بىر ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ. (6 ـ22:1989)خىرومى لوررىن ساكاتا 1960 ـ يىلى مودا بولغان بىر ئافغانىستان مۇھەببەت لىرىكىسىنىڭ "مازارى شەرىف" تە يېڭى يىل تاۋاباتى ئۈچۈن ئېيتىلىدىغانلىقىنى مۇلاھىزە قىلىدۇ:

كېلىڭلار، مازارغا، موللا مۇھەممەت جان

ياۋا كۆركۈملەرنى كۆرەيلى يارىم

ئاقسۇن ياشلار كۆزلەردىن ساكى جانىنىڭ مازارىدا. . .

---

[27]خوتەنلىك ئابدۇللا مەجنۇن ئېيتقان ناخشىنىڭ تېكىستى. ئېنگىلىزچىلاشتۇرغۇچى ياسىن مۇخپۇل ۋە راچېل خاررىس .

ساكاتا "ئافغانىستان مۇزىكىسىغا بولغان كۆزقارىشىنى، باشقا مەدەنىيەت هادىسىلىرىگە ئوخشاشلا دىنىي مەزمۇن ۋە دىنىي تەپسىرلەر بىلەن چىرماشقان هالدا زىچ باغلانغان دەپ خۇلاسىلايدۇ. (1986:39) ئۆزبېكىستاندا تەتقىقات ئېلىپ بارغۇچى لېۋىنمۇ دىن بىلەن مۇزىكا ئوتتۇرىدىكى باغلىنىشنى مۇنداق بايان قىلغان: شىنجاڭ ۋە ئۆزبېكىستاندىكى مۇزىكانتلار ئادەتتە شائىر،پەيلاسوپ، قىزىقچى ھەييار ياكى موللا بولىدۇ. بەللىېر-خان مۇزىكانتلارنىڭ (ئىسلام شەجەرىلىرىنى يادلىغۇچى مەدداھلار)ئەنئەنىۋى دىن بىلەن سېھىر ئارىسىدىكى بىر ۋاستىچى ئىكەنلىكىنى كۆرستىدۇ (2000:39). لېۋىن ئۆزبېك مۇزىكىلىرىنىڭ مۇزىكا چېگرىسىدىن هالقىپ كەتكەنلا بولۇپ بولۇپ قالماستىن بەلكى يەنە ئىلاھىي ۋە روھىي ئامىللارنى ئۆز-ئارا تۇتاشتۇرغۇچى ۋاستە ئىكەنلىكىنى كۆرسۈتۈپ مۇنۇلارنى مىسالغا ئالىدۇ:"بىر گاھ خۇداي راسۇلدان، بىر گاھ غامزاي ئۇسسۇلدان"( بىر نۆۋبەت ئاللاھ ۋە پەيغەمبىرىمىز ئۈچۈن، بىر نۆۋبەت بەختىمىز ۋە ئۇسسۇل ئۈچۈن" ) (63:1996-4)

بەزى تارىخىي مەنبەلەر ۋە تارىخىي شەخسلەرنىڭ تەزكىرىلىرىگە قارىغاندا، شىنجاڭدىكى بىر قىسىم مۇزىكىلارنىڭ ئىچىدە مۇزىكا بىلەن ئىلاھىي كۈچ ئۆز-ئارا بىر گەۋدىلەشكەن مۇزىكىلار مەۋجۇت. ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىدىن بولغان 19-ئەسىردىكى موللا مۆجىزىنىڭ[28] "مۇزىكانتلار تارىخى"يەنى "تارىخىي مۇسىقىيۇن" دا خارەزىمگە كەتكەن، نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلىرىدىن بولغان داڭلىق مۇزىكانتنىڭ تەزكىرىسى ۋە چاغاتاي دەۋرىدىكى داڭلىق شائىر مۇزىكانت،مۇقام تېكىستى ئىجاتچىسى، هېراتتا ياشىغان ئەلىشىر ناۋائىي (1439-1502) هەققىدە بايانلار يېزىلغان . بۇ كىتابتا ناھايىتى نۇرغۇن كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلغۇدەك مۇزىكا بىلەن قۇدرەتلىك ئىلاھىي كۈچنى ئۆزارا بىرلەشتۈرگەن چۆچەكلەر بايان قىلىنغان . مەۋلانە ساھىب بەلھى (مىلادى 1440-يىلى)، بابۇر شاھنىڭ كابۇلدىكى ئوردىسىدىكى بىر مۇزىكانتنىڭ تەزكىرىسى ھەققىدىكى چۆچەكلەر ئەڭ تىپىك مىساللاردىن بىرى. بۇ تەزكىرىدە مۆجىزى بىر كۈنى بابۇرشاھنىڭ ئوردىسىدا بەلھى "چۆل ئىراق مۇقامى"نى ئورۇنداۋاتقاندا، بىر بۇلبۇل كېلىپ ئۇنىڭ تەمبۇرىغا قونۇپ سايراشقا باشلاپتۇ. بۇنى تىڭشىغان ھەممە ئادەملەر كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلۈشكە باشلاپتۇ ۋە هۇشلىرىدىن كېتىپتۇ. ئاندىن كىشىلەر قورقۇشقا باشلاپتۇ ۋە بۇلبۇلنى چالما كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈپتۇ، شۇئان بەلھىمۇ جان ئۈزۈپتۇ. مۆجىزى يەنە تەسىر كۈچى كۈچلۈك بولغان پەيلاسوپ ئەل فارابىنىڭ نەقلىياتلىرىنى قوللانغان:ئەگەر سەن يۈز يىل ئىبادەت قىلىپ سائادەتكە ئېرىشەلمىسەڭ، سائادەتنى مېنىڭ قالۇنىمنىڭ تارىلىرىدىن ئىزلىگىن". نەيسان لائىتنىڭ "مۇزىكانتلارنىڭ تارىخى"ناملىق مۇھاكىمىسىدە، ئەل فارابىنىڭ مۇزىكا بىلەن ئىلاھىي كۈچ ئوتتۇرىسىدىكى مۇلاھىزىسى بىلەن ئەمەس بەلكى مۆجىزىنىڭ ئۇنى ئوتتۇرا ئاسىيا سوپىزم ئەنئەنىسىگە قوشۇپ تارىختا ئىز قالدۇرغانلىقىدىن مەشهۇر بولغان دېگەن نۇقتىنى ئوتتۇرىغا قويغان (Light 1998).

هازىرقى سىياسىي كۆزقاراشتىكى دىنىي مەزمۇنلار بىلەن دىنغا ئائىت بولمىغان مەزمۇنلارنى ئۆز-ئارا ئايرىۋېتىشكە بولماسلىقتىن ئىبارەت نۇقتا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تاجى بولغان مۇقام ئۈستىدە مۇنازىرە يۈرگۈزۈش ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلگەن. مۇقامنىڭ ئاخىرقى چۈشۈرگۈسى مۇزىكا نۇقتىسىدىن قارىغاندا سوپىزمدىكى هۆكمەت ئېيتقۇچىلار ۋە ئاشىقلار بىلەن باغلىنىشلىقى

[28] 1919-يىلى تەييارلانغان فوتو كوپىيە نۇسخىسى 1950-يىلى خوتەندە بايقالغان ۋە هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئاغدۇرۇلۇپ، شىنجاڭدا نەشر قىلىنغان.ئەسەرنىڭ ئېنگلىزچە تەرجىمىسى لايىت (1998)تەرىپىدىن، فرانسۇزچە تەرجىمىسى ترىبىنياك(2000)تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

باردۇر[29]. بۇ ئۇيغۇر زىياللىرى ئارىسىدا مۇھىم بىر ئويلىنىشقا تېگىشلىك ئىدىيىۋى مەسىلە بولۇپ، سوپىزىمغا قارشى زىياللار ئەينى ۋاقىتتىكى ئەڭ ئاخىرقى ئۇيغۇر خانىدانلىقى16ـ ئەسىردىكى ياركەنت خانلىقىنىڭ ھالاك بولۇشىغا سوپىزىملار سەۋەبچى بولغان دەپ ئەيىپلەيدۇ. مۇقام ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ سىمۋولى ۋە شانلىق تەركىبىدۇر ( Light 1998) . بۇ ئاسارەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىر يولى ئەلۋەتتە پۈچەك شاكال قىسمىنى چىقىرىۋېتىشتىن ئىبارەت. ھازىرقى كەسپىي ئويۇنلاردا ئورۇندىلىنىدىغان مەشرەپلەردە دىنىي مەزمۇنلار ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈلگەن بولۇپ تەكرارلىنىپ ئېيتىلىدىغان "ئاللاھ"دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا "دوستلار" دېگەن سۆز قوللىنىلىدۇ.[30]

شىنجاڭدىكى مازار تاۋابىتى پائالىيىتى ئىبادەتچىلەرنىڭ توپلىنىدىغان مەركىزى ۋە كۆڭلىنى ئىپادىلەيدىغان سورۇنى بولۇپ قالغان. ياررىڭ 1929ـ يىلىدىكى ئوردام پادىشاھ مازىرىغا بولغان زىيارىتىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:بۇلار تىپىك بىر تاۋاپ قىلغۇچى ئاياللار گۇرۇپپىسى بولۇپ موللىلار بارئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئازابلىرىنى ناخشا ئېيتىش، ئۆكسۈپ يىغلاش ۋە ئايەت ئوقۇش ئارقىلىق ئىپادىلەيتتى (1986:120). شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە بۇ خىل پائالىيەتلەر كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل ئېچىش، ھۇزۇرلىنىش ۋە مۇزىكا سېزىمىنى تاۋلايدىغان مۇھىم بىر پۇرسەت بولۇپ قالغان. شىنجاڭدىكى نۇرغۇن مازار تاۋابىتى زىيارىتى دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەۋسۇمىدىن كېيىن ياكى مول ھوسۇلدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. تاۋابەت جەريانىدائازراق سودا تۇسىنى ئالغان پائالىيەتلەرمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. ما بىنيەن 1983ـ يىلى يازغان ماقالىسىدە ئوردام مازىرىنىڭ ئەتراپىغا 238 قوتان قۇرۇلغانلىقىنى، 350 تۇياق ئاتنىڭ ئات ئويۇنىغا قاتناشقانلىقىنى يازىدۇ (Ma 1986).

ياررىڭ ئۆزىنىڭ 1929ـ يىلىدىكى"بىرقانچە يۇز روھ" ناملىق كىتابىدا ئوردام پادىشاھ مازىرى ئەتراپىدا مەخسۇس مازار تاۋابىتىنى ئوقەت ۋاستىسى قىلىپ جان باقىدىغان كىشىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تىلغا ئالىدۇ. مازار زىيارىتىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى كوللىكتىپ غىزالىنىشتىن ئىبارەت. بەزى يېمەكلەرنى مەسىلەن يېڭى سويۇلغان قوي گۆشى، گۈرۈچ ۋە مېۋە- چېۋە قاتارلىقلارنى زىيارەتچىلەر ئۆزلىرى ئائىلىسىدىن ئېلىپ كېلىدىغان بولۇپ، يوغان بىر "ئالتۇن داش قازان "دا تاماق ئېتىلىدۇ ۋە شەيخلارگە سۇنۇلۇپ، كۆپچىلىككە تەقسىم قىلىنىپ بېرىلىدۇ[31] (1986:122).

ياررىڭ بۇ قازاننىڭ يېمەكلىك پىشۇرۇشقا ۋە قۇربانلىق قىلىنغان ماللارنىڭ گۆشىنى پىشۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. مازار تاۋابىتى جەريانىدىكى بەزى قىلمىشلار شەرىئەتكە ئۇيغۇن ئەمەس دەپ قارىلىدۇ. مەسىلەن ئاياللارنىڭ ياغلىقسىز يۈرۈشى،تاماكا، نەشە چەككۈچىلەر ۋە مۇھەببەتلەشكۈچىلەر ئۈچۈن ھازىرلانغان"ئالتۇن ئۆي"، قىمار ئويناش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە يول قويۇلىدۇ. باشقا جايلاردىمۇ بۇ خىل بايرام شەكىللىرى تونۇشلۇق بولۇپ، جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى گەنسۇ ئۆلكىسىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان "خۇئېر" بايرىمىغا خەنزۇلار ۋە تۇڭگان

---

[29]مەشرەپ ـ تېز ئۇدارلىق ياكى ئۇدارلىق خەلق مۇھەببەت لىرىكىرىنىڭ يىغىندىسىدۇر. مەشرەپ قىسمى مۇقاملارنىڭ ئۇسسۇل بۆلىكى بولۇپ، دەسلەپكى تېكىستلىرى مەشھۇر كىلاسسىك شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن تەركىپ تاپقان.

[30]ئون ئىككى مۇقام" نى قايتا رەتلەپ چىقىش مەقسىدىدە 1978ـ يىلى ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ جەمئىيەت قۇرۇلغاندىن بۇيان، بىرقانچە قېتىم يۇقىرى سەۋىيىدىكى ئىلمىي يىغىنلار ئېچىلدى؛ تەتقىقات ئەسەرلىرى ۋە ئۇن ـ سىن ئەسەرلىرى نەشر قىلىندى (1992).مۇقام تېكىستلىرىنىڭ كىتاپ بولۇپ نەشر قىلىنىشى كەسپىي ساھەدىكى زاتلار ئارىسىدا ۋە جەمئىيەتتە ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى (بارات 1996).ئۆزبېكىستانلىق جۇمايېۋ بۇ قېتىملىق نەشرىدە شاھ مۇقامىدىكى بەزى دىنىي پۈرىقى كۈچلۈك بولغان تېكىستلەرنىڭ تېكىستى ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ (1993:45).

[31]لېۋىن سۇلتان ئۇۋەيس ئال ـ قارائىنىڭ مازىرىدا شورپا ۋە پولوغا ئوخشاش ئوپچە تاماقلار تارتىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ (1996:182).

مىللىتى قاتنىشىدىغان بولۇپ، يەرلىك ئىلاھلارغا سەجدە قىلىش ۋە ئەر- ئاياللار ئۆز-ئارا بىر بىرىنى جەلپ قىلىش مەقسىدىدە 'خۇئېر" ناخشىلىرىنى ئېيتىشىدۇ.

## مازار ۋە سىياسىي ھوقۇق

تارىختىن بۇيان مازار ئەنئەنىسى ئوتتۇرا ئاسىيادا ھۆكۈمران كۈچلەر تەرىپىدىن سىياسىي ۋە قانۇنغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇلۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن يوشۇرۇن تەھدىت دەپ قاراپ كېلىنىدى. سىبىررىي زاركوننىڭ قارىشىچە شىنجاڭدىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۆزلىرىنىڭ تەسىر كۈچىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئوردام پادىشاھ مازىرىنى قوللاپ دەستەك بولۇپ كەلدى (1999:229).

16-ئەسىردىكى يەركەنت خانلىقى ھۆكۈمرانلىقى ناشباندى سوپىزىمى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورناتقان بولۇپ، ئۇۋەيس ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. بۇ رايوندا مۇسۇلمانلاردىن باشقا ھۆكۈمرانلار بولسا روشەن پەرقلىق مۇئامىلىلەردە بولۇپ كەلگەنىدى. چىڭ سۇلالىسى مانجۇ ھۆكۈمرانلىقى شىنجاڭنى سورىغان ۋاقىتتا "ئۇۋەيس تەزكىرىسى" دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇنلىغان ئىسلامىي كىتابلارنى چەكلىگەن (Baldick 1993: 215).

> ياررىڭ 1920-يىللاردا ئوردام مازىرىغا بولغان زىيارەتنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: ئۇلار ناھايىتى ئەسەبىي بولۇپ،بىر قېتىم بىر چەتئەللىك كونسۇل مازارنى زىيارەت قىلماقچى بولغاندا ئەسكەرلەرنىڭ ھىمايىسىدە مازارغا بېرىشقا مەجبۇر بولغان، بۇ ھەتتا مازار تاۋاباتى پەسلىمۇ ئەمەسىدى. چۈنكى قەشقەرنىڭ ۋالىسى ھەرقانداق بىر تەسادىپىي خەۋپ خەتەرنىڭ بولۇشىنى خالىمايتتى. يۇقۇرىدىكى بۇ بايان ھۆكۈمەت پوزىتسىيىسىنىڭ مازار تاۋابىتى زىيارەتچىلىرىگە قارىغاندا مۇھىم ئورۇندا تۇرىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، بۇنىڭ مىسالى مېنىڭ شىنجاڭدىكى بىر يازغۇچى دوستۇمغىمۇ يېقىنقى يىلللاردا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن (Jarring 1986:112).

بۇرۇنقى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە، مازار زىددىيەتلىك شەيئىي دەپ قارىلاتتى. روسىيە يازغۇچىسى پولىياكوۋ ئۆز تەتقىقاتىدا مازارنىڭ"سوۋېتقا قارشى ماھىيەت"كە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، تۈرك باسمىچىلار ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى، 1922-يىلى تاجىستاندا روسىيەگە قارشى ئۇرۇشتا ۋاپات بولغان ئەنۋەر پاشانىڭ مازىرىنى مىسالغا ئالىدۇ. يەنە بىر مازار بۇخارادىكى باخا-ئال-دىن نەقشبەند بولۇپ،1868-يىلى يۈز بەرگەن روسىيگە قارشى قوزغىلاڭدا خەلىپىلىكنىڭ كاتتىۋېشى ئاتالغان، روسىيەگە قارشى جىھاد قىلغۇچىنىڭ قەبرىسى ئىدى (1992:100). بۇ مازار سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە ۋەيران قىلىۋېتىلگەن (Zarcone1999:226). لېۋېن سۇلتان ئۇۋەيس ئال-قارانىنىڭ مەقبەرىسىنىڭ 1970-يىللاردا باش كۆتۈرگەن دىنغا قارشى ھەرىكەتتە تاقىۋېتىلگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ (1996:183). سوۋېت ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئىسلام شەرىئەتى ۋە سوپىزىمغا قارشى مەۋقەدە تۇرغان، ھەتتا مەسچىتلەردىمۇ قانۇنلۇق بولغان موللا، ئىشانلارنى چەكلىگەن ۋە ئۆرپ -ئادەتلەرگىمۇ يول قويمىغان. ۋاھالەنكى، ئالېكساندرا بېنىنگسېننىڭ مۇھاكىمىسىگە ئاساسلانغاندا، بۇ خىل ھەرىكەتلەر دىنىي مەزمۇندىكى ئەسەبىي ئىككى قۇتۇپنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ يىرىكلەشتۈرۈپ، مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان. (Bennigsen and Wimbush 1985: 40).

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدە، مازار تاۋابىتى ۋە چوڭ تىپتىكى دىنىي مۇراسىملار شىنجاڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن چەكلەنگەن، لېكىن ناتوغرا ھەرىكەتلەر دەپ قارىلىدۇ، ئەمما مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى دەۋرىدە ئىنقىلاۋىي سولچىل تەشۋىقاتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەتلىرىدىكىدەك مازار- ماشايىقلار سېستىمىلىق تۈردە ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ تۇرىدىغان ئەھۋاللار يۈز بەرمىگەن.

بۇ يەردە مازارنىڭ تەقدىرىگە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەقدىرىگە ئوخشاش ئېنىقلىما بېرىشكە بولىدۇ. جۇڭگونىڭ ئاساسىي قانۇنىدا سېستىمىلاشقان 5 چوڭ دىنغا دىنىي ئەركىنلىك ھوقۇقى بېرىلگەن. بۇ دىنلار پراۋوسلاۋيە دىنى، كاتولىك دىنى، بۇددا دىنى، داۋجىئاۋ دىنى ۋە ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت. بۇنىڭ بىلەن بىرگە، "'قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر" ۋە فېئودال خۇراپاتلىق ئىدىيىلىرىنى تارقىتىشقا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ، دۆلەتنىڭ «قالاقلىق» قا،مەدەنىيەتسىزلىككە ۋە جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزۇشقا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت شۇئارلىرىغا ئاۋاز قوشۇش لازىم. ئەمەلىيەتتە دۆلەتنىڭ دىنىي پاالىيەتلەرگە دەخلى تەرۇز قىلىشىدىن ئىبارەت ھەرىكىتى مەدەنىيەت ئىنقىلابى ۋاقتىدىكى خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ دائىرىسىدە، سىنىپىي كۆرەش نۇقتىسىدىن قوزغالغان بولۇپ، مۆتىدىل بىر تەشۋىقات ستراتېگىيىسى ۋە قايتا تەربىيە ئېلىپ بېرىشنى ئۆزىگە نىشان قىلغان (Anagnost 1994:227). بەللېر-خان (2001a:9) نەزەرىنى دىنىي پائالىيەت ئىچىدىكى "فېئودال خۇراپاتلىق" ۋە سىياسىي جەھەتتىن نورمال دەپ قارالغان" ئۆرپ-ئادەتلەر كاتېگورىيىسىنىڭ ماھىيىتىگە قاراتقان.

شىنجاڭدىكى ۋەزىيەتتىن قارىغاندا مازارلارنىڭ تەقدىرى دۆلەتنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى يەرلىك سىياسەت، قارارلارنىڭ كونترول قىلىشىغا باغلىق. زاركون ھۆكۈمەت دائىرىلىرى مازارنىڭ يوشۇرۇن خەۋپ خەتىرىنى ئازايتىش ئۈچۈن، مازارنىڭ سىمۋوللۇق[32] تەسىر كۈچىنى چەكلەشكە ئۇرۇنغان دەپ قارايدۇ (1999:234). بەزى شەھەر ئىچىگە جايلاشقان مازارلار يېڭىدىن رېمونت قىلىنىپ ساياھەتچىلەرگە ئېچىۋېتىلگەن بولۇپ، بېلەت باھاسى ناھايىتى قىممەت بولغاچقا، يەرلىك خەلق بۇنى قوبۇل قىلالمايتتى. مازارلىقلاردا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ۋە ئېنگلىزچە تىللاردا يېزىلغان دۆلەتنىڭ دىنىي ۋە تارىخقا ئائىت ۋەرەقىلەر تارقىتىلاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ستىراتېگىيىسى بىر تەرەپتىن ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئەركىنلىككە بولغان قوللىشىنى ئىپادىمەكچى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن دۆلەتكە زىيانلىق دەپ قارالغان دىنىي پائالىيەتلەرنى چەكلەش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغانىدى. باشتا تىلغا ئالغان مىساللىرىمىزدىن مۇقەددەس جايلار[33] دەپ سانالغان مازار- ماشايىقلار ۋە تاۋاپ قىلىش مۇساپىلىرى غايەت زور بىر تور شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن مازار تاۋاباتچىلىقىنىڭ شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىدا مەلۇم كۆلەم شەكىللەندۈرگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. گاردنېر بوۋىڭتون شىنجاڭنىڭ تارىخى توغرىلىق يېقىنقى بىر ماقالىسىدە، مازار ئىزلەپ يولغا چىققان بىر توپ ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ چۆللۈكتە يولدىن ئېزىپ قېلىپ، يېڭى ياسالغان بىر ساياھەت ئورنى -خەنزۇ گېنېرال بەنچاۋنىڭ تۆھپىسگە ئاتاپ ياسالغان خاتىرە سارىيىنى بايقاپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت قىزىقارلىق بىر ھېكايىنى بايان قىلىدۇ (2001:95). بوۋىڭتون تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ كۆرۈنۈشلەرگە دىققىتىنى ئاغدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كانايدىن ئاڭلىنىۋاتقان يۇقىرى ئاۋازدىكى "شىنجاڭ خەلق ناخشىلىرى"نىڭ شېئىرى خەنزۇچە بولۇپ، بىر قىسىم دىسكو رېتىملىرى ئارىلاشقان ھالدا كەلگەنىدى. بۇ يېڭىدىن قۇرۇلغان ساياھەت رايونىنىڭ يېڭىچە تۈسلىرىدىن بىرىدۇر.[34]

سىرتقى دۇنياغا كۆپ ئاڭلىتىلمايدىغان مەزمۇنلارنىڭ بىرى چوڭ تىپتىكى مازار تاۋاباتى پائالىيەتلىرىگە بولغان سىياسەت يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بارغانسېرى چىڭايغانلىقى ئىدى. ئوردام

[32]زاركون (1999) خوجىلار دەۋرىدىكى ئاپاق خوجا مازىرى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، ئۇنى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ چىيەنلوڭ خانغا تارتۇق قىلىپ بەرگەن مەلىكىسى ئىپارخاننىڭ قەبرىسى بىلەن بىر جايدا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.
[33]ئاناگنوستمۇ نۆۋەتتىكى دىنىي يوسۇنلار ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، جۇڭگونىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدىمۇ مۇقەددەس جايلارنى كونترول قىلىش ئارقىلىق خەلقنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى چەكلىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ (1994:222).
[34] تىپىك ھالدا ھەممە يەردە ئۇچراتقىلى بولىدىغان ۋاڭلوبىڭنىڭ ناخشىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ(خاررىس).

پادىشاھ مازىرى تاۋاباتى 1958-يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئوڭچىللارغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى جەريانىدا پۈتۈن مەملىكەت مىقياسى بويىچە مەدەنىيەت ئامىللىرى چەكلىنىپ، جۈملىدىن شىنجاڭدىمۇ مازار تاۋاباتى قاتتىق سىياسەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. مازار تاۋاباتى پائالىيىتى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ ئاياقلىشىشىغا ئەگىشىپ، 1980-يىللاردا قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ۋە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان بولۇپ، بەزى كۈنلىرى كۈندۈلۈك زىيارەتچىلەرنىڭ سانى 20000 نەپەرگە يەتكەن. لېكىن 1990 -يىللاردا شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى بىراز جىددىي ھالەتتە بولۇپ، مازارلارغا قاراتقان سىياسەتمۇ ئىسلام ئەسەبىي كۈچلىرى ۋە بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ۋەھىمىسى بىلەن تېرورىزىم ۋە زوراۋانلىق بىلەن ئۆز-ئارا باغلىنىشلىقى بار دەپ قارالغان. بۇ سەۋەپلەر ھۆكۈمەتنىڭ 1997-يىلدىن باشلاپ مازار تاۋاباتى زىيارىتىنى چەكلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا مازارلارنى كونترول قىلىش ۋە نازارەت قىلىشقا ئائىت سىياسەتلەر ئىزچىللاشتۇرۇلدى. خوتەندىكى ئىمام ھازىم مازار تاۋاباتى پائالىيىتى 1997 -يىلدىن باشلاپ 2001-يىلغىچە يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلدى.

مازارغا بارىدىغان يېڭى يوللار ياسىلىپ، مازارلىققا بېلەت ئېلىپ كىرىش يولغا قويۇلدى ھەمدە مازارلىقنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن ساقچىلار ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. مازار تاۋابىتى مازار پائالىيىتى ھەر يىلى ماي ئېيىدا ھەر ھەپتىنىڭ چارشەنبە كۈنىدىن جۈمە كۈنىگىچە ئۈدا بەش ھەپتە ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ،20000 دىن ئارتۇق زىيارەتچى قاتنىشىدۇ. گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى خۇئېر بايرىمىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلىش تەشەببۇس قىلىنغان بۇ بايرام يەرلىك ھوكۈمەتنىڭ 20 يىلدىن بۇيان خەلققە سودا ۋە ساياھەتچىلىكنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پۇرسەت يارىتىپ بېرىپ ۋە يەرلىك مىللىي ئۆرپ- ئادەتلەرنى قوللاپ كېلىۋاتىدۇ. ھۆكۈمەت قالپاق كىيگۈزگەن "ئەسەبىي كۈچلەر" ۋە"ۋاھابىيلار"[35] بىلەن مازار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىسلامنىڭ ئەنەنىۋى مازار مەدەنىيىتىگە بىر خىل ھاقارەت كەلتۈرگەن بولۇپ، سەۋەبى يەرلىك ئەمەلدارلار ۋە سىياسەت ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ دىنىي ئۆرپ-ئادەت ھەققىدىكى بىلىمىنىڭ كەمچىل بولغانلىقىدىن ئىدى. 1999-يىلى ’’شىنجاڭ گېزىتى " دە بىر مازارلىقتا ئاياللار پەرزەنت يۈزى كۆرمەك ئۈچۈن دۇئا -تالاۋەت قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، مازارنىڭ ۋاھابىيلار تەرىپىدىن كويدۇرۇلۇپ ۋەيران قىلىنغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بېرىلىدۇ. راھىلە داۋۇتنىڭ كۆرسىتىشىچە ئۇ 2000-يولى خوتەندىكى ئىمام ھازىم مازار تاۋابىتىدە بىر ئايالنىڭ تاماشىبىنلارغا ناھايىتى ئۇزۇن بىر نۇتۇق سۆزلىگەنلىكىنى ۋە سۆزىدە مازار تاۋاباتىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى ۋە مۇۋاپىق دىنىي تەلىملەرگە ئىگە بولغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلىگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

كىرىش سۆز قىسمىدا كومۇنىستىك دۆلەتلەردىكى ئەندىكىش ۋەزىيىتى ۋە ھازىرقى زامانىۋى دەۋردىكى دۆلەت تۈزۈمى ئەھۋالى چۈشەندۈرۈلگەن. شىنجاڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرى سىياسىي تېمىلارغا سەزگۈر بولۇپ، بۇ رايون دۆلەت ئىچى مىقياسىدا قالاق، قالايمىقان ۋە ۋەھشى دەپ قارىلىپ كەلدى .بۇ رايۇن دۇنيانىڭ ھۆرمەت كۆرسىتىشىگە ۋە چۈشىنىشىگە مۇھتاجدۇر. قارشى مەۋقەدىن ئېلىپ ئېيتقاندا مازارنىڭ سىياسىيلىقىدا ئەمەس، ئېستېتىك ماھىيىتىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش كېرەك ئىدى. مازارنىڭ ھېچقانداق بىر سىياسىي جەھەتتىن ئېلىپ كېلىدىغان تەھدىتى يوق بولۇپ، پەقەتلا مازارلىقنىڭ جىمجىتلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈپ تەرتىپىنى بۇزۇش ئېھتىماللىقى بار.

[35] "ۋاھابىيلار" ئەسلىدە سەئۇدى ئەرەبىستاندا شەكىللەنگەن بىر دىنىي ئېقىم بولۇپ، ھازىر ئوتتۇرا ئاسىياسا تەسىرى كۈچلۈك ئېقىملاردىن بىرى بولۇپ قالماقتا ۋە نۆۋەتتە غەرپلىكلەرنىڭ ئەسلىيەتچىلەر دېگىنى بىلەن بىر ئۇقۇم بولۇپ كەلمەكتە.

بىرقانچە ياش زىيالىيلار يۇرەكلىك ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ مازار تاۋاباتى پائالىيەتلىرىنى چەكلىشىگە بولغان نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ، "قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر" بىلەن "مىللىي ئۆرپ - ئادەت" لەرنى بىر تاياقتا ھەيدىمەسلىكنى ۋە پەرقلەندۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن شىنجاڭدا بۇ خىل مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش مۇمكىنچىلىكى يوق دېيەرلىك بولۇپ، دۇنيا مىقياسىدىن ئالساقمۇ، ئامېرىكىنىڭ "تېرروزىمغا قارشى كۈرەش" ختتابىغا ئەگىشىپ، بۇ خىل مۇلاھىزىلەرگىمۇ كۆپ سەھىپە بېرىلمەيۋاتىدۇ.

**پايدىلانمىلار**


ANAGNOST, Ann (1994), “The politics of ritual displacement.” In Charles Keyes, Laurel Kendall and Helen Hardacre, *Asian visions of authority: religion and the modern states od East and Southeast Asia*, pp. 221-54. Honolulu: University of Hawaii Press.

BAİLY, John (1981) *The annual cycle of music in Herat*. London: Royal Anthropological Institute.

BAİLY, John (1988) *Music of Afghanistan: professional musicians in the city of Herat*. Cambridge University Press.

BAİLY, John (2001) “Can you stop the birds singing? The censorship of hemusic in Afghanistan.” Pamphlet published on Freemuse, Denmark, website: www.freemuse.org (pdf from www.freemuse.org/libra/pdf/Afghanistansats.pdf)

BALDİCK, Julian (1993) *İmaginary Muslims: the Uwaysi Sufis of Central Asia*. London, New York: I.B. Tauris.

BARAT, Qurban, ed. (1986) *12 Muqam tekistliri*. Ürümchi: Shinjang yashlarösmürlär näshriyatı.

BELLER- HANN, Ildiko (2000) *The written and the spoken: literacy and oral transmission amog the Uyghur*. Berlin: Anor.

BELLER- HANN, Ildiko (2001a) “Making the oil fragrant: dealings with the supernatural among the Uyghurs in Xinjiang.” *Asian Ethnicity* 2.1:9-23.

BELLER- HANN, Ildiko (2001b) “Rivalry and solidarity among Uyghur healers in Kazakhtan.” *Inner Asia* 3.1:73-98.

BENNİGSEN, Alexandre and Wimbush, S. Enders (1985) *Mystics and commissars: Sufism in the Soviet Union*. Berkeley and Los Angeles: University of California Press.

BOVİNGDON, Gardner (2001) “The history of the history of Xinjiang.” *Twentieth Century China* 26. 2: 95-139.

BURCKHARDT- QURESHİ, Regula ([1986] 1995) *Sufi music of India and Pakistan: sound, contexs and meaning in qawwali*. Chicago: University of Chicago Press.

DAWUTİ, Reyila (2001) *Weiwuerzu mazha wenhua yanjiu*. Ürümchi: Xinjiang daxue chubanshe.

DEWEESE, Devin (1993) *An Uvaysi Sufi in Timurid Mawarannahr: notes on hagiography and the taxonomy of sanctity in the religious history of Central Asia*. Bloomington: Indiana University Press.

DJUMAEV, Alexander (1993) “Power structures, culture policy, and traditional music in Soviet Central Asia.” *Yearbook for Traditional Music* 25: 43-50.

DURİNG, Jean (1989) *Musique et mystique dans les traditions de I'Iran*. Paris, Tehran: Institut Francais de Recherche en Iran.

DURİNG, Jean and Nirabdolbaghi, Zia (1991) *The art of Persian music*. Washington: Mage Publishers.

DURİNG, Jean and Trebinjac, Sabine (1991) *Introduction au muqam ouigour*. Bloomington: Indiana University Research Institute for Inner Asian Studies

FRECHTWANT, Stephan (1991) *The imperail metaphor: popular religion in China.* London: Routledge.

HäBİBULLA, Abdurähim (1993) *Uygur Etnografiyisi*. Ürümchi: Shinjang khäaq näahriyati.

HARRİS, Rachel (2001) "From shamanic ritual to karaoke: the (trans) migrations of a Chinise folksong." CHİME 14: 48-60.

HARRİS, Rachel (forthcoming) "Wang Luobin: 'folksong king of the northwest' or song thief? Copyright, representation and Chinese 'folksongs'." In Kevin Latham and Stuart Thompson, eds, *Consuning China: approaches to cultural change in contemporary China*. London: Curzon Press.

JARRİNG, Gunnar (1935) "The ordam- padishah- system of eastern Turkestan shrines." *Hyllningsskrift tillägnad Sven Hedin pȧ hans 70- ȧrsdag den 19 febr. 1935*, 348-54.

JARRİNG, Gunnar (1979) *Matters of ethnological interest in Swedish missionary reports from southern Sinkiang*. Lund: CWK Gleerup.

JARRİNG, Gunnar (1986) *Return to Kashgar: Central Asian memoirs in the present*. Durham NC: Duke University Press.

LEVİN, Theodore (1996) *The hundred thousand fools of God: musical travels in Central Asia.* Bloomington: Indiana University Press.

LİGHT, Nathan (1998) *Slippery paths: the performance and canonization of Turkic literature and Uyghur muqam song in Islam and modernity*. PhD dissertation, Indiana University.

MA BİNYAN (1983) "Nanjiang mazha he mazha chaobai." *Xinjiang Kexue Yanjiu* 1983: 1.

OIMTIJ (On Ikki Muqam Tätgigat Ilmiy Jämiyiti) (1992) *Uyghur on ikki muqam häqqidä.* Ürümchi: Shinjang klälq näshriyati.

OIMTIJ (1997) *Uyghur on ikki muqam* (Five- Cd set). Beijing: Minzu chubanshe.

POLİAKOV, Sergei (1992) *Everday Islam: religion and tradition in rural Central Asia*. Anthony Olcott, trans. New York and London: M. E. Sharpe.

ROBERTS, Sean (1998) "Negotiating locality, Islam, and national culture in a changing borderlands: the revival of the Mäshräp ritual among young Uighur men in the Ili valley." *Central Asian Survey* 17. 4: 672-700.

SAKATA, Hiromi Lorraine (1986) "The complementary opposition of music and religion in Afghanistan." *World of Music* 20. 3: 33-41.

SCHOELER, G. (1985) "Die Frage der schriftlichen oder mündlichen Überlieferung der Wissenschaft im frühen Islam." *Der Islam* 62: 2001-30.

SLOBİN, Mark (1976) *Music in the culture of northern Afghanistan*. University of Arizona Press.

TREBİNJAC, Sabine (2000) *Le pouvoir en chantant: I'art de fabriquer une musique chinoise*. Nanterre: Société d'ethnologie.

YANG MU (1994) "On the hua'er songs of north-western China." *Yearbook for Traditional Music* 26: 100-16.

YANG MU (1998) "Erotic musical activity in multiethnic China." *Ethnomusicology* 42. 2: 199-264.

ZARCONE, Thierry (1999) "Quand le saint légitime le politique: le mausoleée de Afaq Khwaja á Kashgar." *Central Asian Survey* 18. 2: 225-42.

ZHOU Jİ (1999) *Zhongguo Xinjang weiwu'erzu yisilanjiao liyi yinyue*. Taibei: Xinwenyi chubangongsi.